# ئېچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئۈچۈن جەزمەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئېچكى ئېھتىياجنى كۈچەپ كېڭەيتىش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىش ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، خەلق تۇرمۇشى كاپالىتى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك، دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشىگە ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك.

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى ئاڭلىدى، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى دائىملاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇشتا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىپ، تىرىشىپ يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە مۇھىم ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارادا يۇقۇم سىجىل يامراپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىش خەۋپ ـ خەتىرى كۈچىيىپ، مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق ئامىللىرى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بېسىمى ئۈزلۈكسىز زورىيىۋاتىدۇ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى يېڭى قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچ كەلدى. كەسكىن، مۇرەككەپ بولغان خەلقئارا يۇقۇم ئەھۋالى ۋە دۇنيا ئىقتىسادى ۋەزىيىتى ئالدىدا، جەزمەن تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىرقەدەر ئۇزاق ۋاقىت تاقابىل تۇرۇش ئىدىيە تەييارلىقى ۋە خىزمەت تەييارلىقىنى ياخشى قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر نۇقتا ئىچكى ئېھتىياجنى كۈچەپ كېڭەيتىش، بۇ، بىز تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشتا تۇپ مەۋقە قىلىدىغان نۇقتا، شۇنداقلا دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمىنى يېنىكلىتىشتە ئاساسلىق كۈچ چىقىدىغان نۇقتا. خەلقئارا ئىقتىساد ـ سودا ھەرىكەتلىرى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان ئەھۋالدا، بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇشقا ۋە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ بازار ئەۋزەللىكى ۋە ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قوزغىتىپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى ۋە قۇدرەتلىك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تولۇق قويۇپ بەرگەندە، تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ساغلام راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار جەزمەن دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە يۈزبەرگەن يېڭى مۇھىم، زور ئۆزگىرىشلەرنى توغرا ئىگىلەپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىش ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشقا ئورۇنلىشىشنى مۇقىملاشتۇرغانلىق، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرغانلىقتۇر. پەقەت يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ نورماللىشىشىنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى، ئاندىن ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئاندىن ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئىستېمال ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشەنچىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىق زورىيىۋاتقاندا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر جەزمەن تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، قەتئىي تۈردە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ «تېزلىتىش كۇنۇپكىسى»نى بېسىپ، قەتئىي تۈردە ۋاقىتنى تولۇقلىۋېلىشى، زىياننى تولدۇرۇۋېلىشى كېرەك. شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ۋاقىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك چارىلەر بىلەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ، كەسىپ ئايلىنىشى، بازار ئايلىنىشى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشىنى پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويماي راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، قىيىنچىلىقى بار ساھەلەر ۋە ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنى يۆلەشنى كۈچەيتىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش، دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كۈچلۈك، تەرتىپلىك تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك سودا سارايلار، بازارلاردا ئىشنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، تۇرمۇش مۇلازىمەت كەسپىنىڭ نورمال تىجارىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى قىيىن نۇقتا، توسۇق نۇقتىلارنى پائال تۈگىتىپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىدە بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

رەقىبلەر تار يولدا دوقۇرۇشۇپ قالغاندا قورقمىغىنى يېڭىدۇ، قانچە جاپالىق، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەزەلدىن ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمىگەن، بەلكى خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورايغان. پەقەت بىز جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى قويۇپ بېرىپ، تەرەققىيات يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغىتىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئۈنۈملۈك كېڭەيتىش ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ كۈچلۈك ئەسلىگە قايتىشىغا تۈرتكە بولساقلا، چوقۇم كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىق، خىرىسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئاچالايمىز.

**(4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى:

# ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ھازىر مەھەللە خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار دۇڭ رۈيفېڭ، يۈ جۈنجيې)** خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەھەللە ئىدارە قىلىش مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى چېن يۈلياڭ 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: مەھەللىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ھازىر مەھەللە خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە، كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى جەزمەن مەھەللە مۇداپىئە سېپىنى چىڭ ساقلىشى، پۇختا ساقلىشى كېرەك.

چېن يۈلياڭ مۇنداق دېدى: دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئاچقۇچى تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك: بىرىنچى، ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى قىلىش؛ ئىككىنچى، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش؛ ئۈچىنچى، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ساغلاملىق كودىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاستىلىرىنى تولۇق قوللىنىش؛ تۆتىنچى، جەمئىيەت بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىش، شۇڭا مۇناسىۋەتلىك ساھە جەمئىيەتلىرىنىڭ رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى پات ئارىدا، مەھەللىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىنى دەل جايىدىلاشتۇرۇش، ئىنچىكىلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش لايىھەسىنى بىرلىكتە بېسىپ تارقىتىپ، خەۋپ ـ خەتەر دەرىجىسى تۆۋەن، ئوتتۇرا ھال، يۇقىرى رايونلار ۋە ئاغرىق مىسالى كۆرۈلمىگەن، ئاغرىق مىسالى بايقالغان ياكى يۇقۇم يامرىغان، كېسەل تارقالغان ئۈچ تۈرلۈك مەھەللىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، مەھەللىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشى، مەھەللە مۇلازىمىتى، ئاھالىلەرنىڭ قاتنىشىشىنى ياخشى ئىشلەش كونكرېت تاكتىكىسىنى دەل جايىدا، ئىنچىكە ئوتتۇرىغا قويىدىكەن، ھەم ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى قوللىنىش كونكرېت ۋەزىپىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش بىلەن دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن مەھەللە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىكەن.

چېن يۈلياڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇ مەيدان ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلار جەزمەن ھەر ۋاقىت مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ تولۇپ تاشقان جەڭگىۋارلىقىنى ساقلىشى كېرەك، بۇنىڭ ئاچقۇچى مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە.

3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، مەركەز يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى شەھەر ـ يېزا، مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى. ھازىرغىچە، 28 ئۆلكە مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس سىياسەت ياكى لايىھە چىقاردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش داۋامىدا ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

سانجى شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، لى پېڭشىن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مەكتەپ نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسى، ياتاق، ئاشخانا، ۋاقىتلىق قالدۇرۇپ كۆزىتىش ئورنى قاتارلىق جايلارغا كىرىپ، ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە قايتىش، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ غىزالىنىش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش ھەم مائارىپ ئوقۇتۇشىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ماسكا تاقاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىنىپ، ياتاق، ئاشخانا قاتارلىق ئادەم زىچ توپلاشقان رايون ۋە نۇقتىلىق ئورۇنلارنى دېزىنفېكسىيەلەش، ھاۋالاندۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرى تەشۋىقات تەربىيەسىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرىنى تەقسىملەش، زاپاس ساقلاشنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، بىخەتەر، تەرتىپلىك، نۇقسانسىز بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئىسلاھاتى ھەم ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ۋە مېتودىدا يېڭىلىق يارىتىشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دەرسخانا ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن يەنە سانجى شەھىرى سەنگۇڭ بازىرى ئەرگۇڭ كەنتىگە كېلىپ، كۈزگى بۇغدايىنىڭ كۆكلەش ئەھۋالى ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى؛ شىنجاڭ غەربىي قىسىم ئېكولوگىيەلىك چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە، 5000 ئىنەكلىك ئېكولوگىيەلىك بېقىش قۇرۇلۇشى تۈرى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سانجى ئوبلاستى 1 ـ كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا مۇلازىمەت قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا تىرىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدە زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىشى كېرەك. سىياسەت جەھەتتىن يۆلەش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق باشلامچى كارخانىلىرىنى كۈچەپ يېتىلدۈرۈپ، ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. پەن ـ تېخنىكا تىرىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ ئوقۇتۇش ـ تەتقىقاتنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈشى كېرەك.

تۇدۇڭخابا دەريا بويىنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى ئورنى سانجى شەھىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى، بىڭتۇەن 12 ـ شىسىدىن ھالقىغان بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىدۇر، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن تۇدۇڭخابا دەرياسىنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىنىدۇ. لى پېڭشىن تۇدۇڭخابا دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكى بويىغا كېلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق سىستېمىسىنى تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تۇدۇڭخابا دەرياسىنىڭ سۇ مەنبەسىنى ساقلاش بوشلۇقىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، زۇمرەت سۇنى قوغداش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئارقىلىق دەريا بويىدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا بەخت يارىتىش كېرەك.

شىنجاڭ ئۈچۈر كەسپى باغچىسىدا، لى پېڭشىن ئەسلىدىكى تۈرلەرنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى ۋە باغچە رايوننىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشىغا بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى ۋە سېلىنما يۆنىلىشىنى نىشانلاپ، مەۋقەنى ئۆز ئەۋزەللىكى ۋە كەسىپ ئاساسىغا قويۇپ، ھەقىقىي تۈردە كەمتۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىش كېرەك. بولۇپمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، 5G، سانلىق مەلۇمات مەركىزى ۋەكىللىكىدىكى يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇزاققىچە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە زاپاس كۈچ قوشۇش كېرەك.

شىنجاڭ ياخشى جاي

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى

# بەش يىلدا 20 مىليارد يۈەن مەخسۇس ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە مەدەت بېرىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جيا چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ـ ساياھەت نازارىتى پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق ساياھەتچىلىكنى قوللاش ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، كەلگۈسى بەش يىلدا 20 مىليارد يۈەندىن كەم بولمىغان مەخسۇس ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا مەدەت بېرىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، شىنجاڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چۆرىدەپ، دېھقانلار ئارامگاھى، يېزا ـ كەنت ئۆزگىچە پۇقراۋى قونالغۇسىنى يۆلەش، گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، «ساياھەت+پۇل مۇئامىلە» ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، ساياھەت كەسپىگە بولغان كىرېدىت سېلىنمىسىنى ئۈزلۈكسىز زورايتقان. ھازىرغىچە، شىنجاڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ساياھەت كەسپىگە 3 مىليارد يۈەنگە يېقىن قەرز پۇل بەرگەن.

كەلگۈسى بەش يىلدا، شىنجاڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى 20 مىليارد يۈەندىن كەم بولمىغان مەخسۇس ئىناۋەتلىك قەرز پۇل مەبلىغى بىلەن تەمىنلەپ، ساياھەت كەسپى، ساياھەت ئەمەلىي گەۋدىسىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى، چىقىم راسچوت كاپالىتى، ساياھەتچىلىك ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئاقىل ساياھەت قاتارلىقلارغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت كەسپىنى ھەر تەرەپلىمە، بىر گەۋدىلەشكەن، يۇقىرى قاتلاملىق پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى ۋە مەدەتتە بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ـ ساياھەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر گۈلى ئابلىم مۇنداق بىلدۈردى: بۇ ھەمكارلىق كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت بىلەن پۇل مۇئامىلىنى چوڭقۇر يۇغۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم بىر قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ كىرېدىت مەدىتى، ساياھەت خاس كىچىك بازار قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەمەلىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولغان كەسىپ بىلەن پۇل مۇئامىلىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرىدۇ.



باھار مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىش

**4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، شەھەر ئاھالىلىرى كورلا شەھىرىنىڭ خۇڭيېن دەرياسى بويىدا نەشپۈت چېچەكلىرىدىن ھۇزۇرلانماقتا. ھازىر دەل نەشپۈت چېچەكلەيدىغان مەزگىل، شەھەر ئاھالىلىرى بەس ـ بەستە دالىغا چىقىپ، كۆكلەم سەيلىسى، چېچەك سەيلىسى قىلىپ، باھار ئاپتىپىدىن ھۇزۇرلاندى.**

□ چېن جيەنفېي فوتوسى